# ئېلىپبە ئوقۇشلۇقى



سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن

# ئېلىپبە

(بىرىنچى قىسىم)

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2015 - يىلى، ئىستانبۇل

شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن

# ئېلىپبە

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن
تۆتىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

ئالاقىلىشىش ئادرىسى:
Ördek Kassap Mah. Millet Cad Gülşen Apt No: 108
D:5 Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye
Tel: 00905232877 212-- E-mail: info@maarip.org



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا بىزنى ۋە بارلىق كائىناتنى ياراتقان، بىزگە يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگەتكەن جانابى ئاللاھقا خاستۇر! بىزگە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى ئارقىلىق ئىنسانلىق شەرىپىمىزنى تونۇتقان رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت، مەغپىرەت، دۇرۇد ۋە سالام بولسۇن!

ئۇيغۇر تىلى ــ ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى ئائىلىسى، تۈركىي تىللار تۈركۈمى، شەرقىي تۈرك (ئۇيغۇر - قارلۇق ياكى ئۇيغۇر - ئۆزبېك) تىل تارمىقىغا تەۋە، يېپيېشقاق خاراكتېردىكى مەۋجۇت تىلدۇر.

ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدىغان كىشى سانى ئەڭ كۆپ تۈركىي تىل سۈپىتىدە 7 - ئەسىردىن 21 - ئەسىرگىچە بولغان 13 ئەسىرلىك بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولۇشى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنى قانداق ئىشلىتىشىگە، قىممەتكە ئىگە قىلىشىغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرىشىگە باغلىق.

ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق دېگەن: «بالاڭلارنى گەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيىلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشىغان دەۋردە ياشمايدۇ». بالىلار ئۈممەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدۇر.

قولىڭىزدىكى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى بۇندىن بۇرۇن نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان

ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بىراق، كىتابنىڭ سانى چەكلىك بولغانلىقى ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىتابقا بولغان تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق نەشرىنى ھۇزۇرىڭلارغا سۇندۇق.

بۇ قېتىمقى نەشرىنى ھازىرلاشتا ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق نەشرىدىن ئالغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنى ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى يەكۈنلەپ، كىتابقا ئومۇمەن قىلىپ بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۇق ۋە ئۇنى ئىككى قىسىم قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. بىرىنچى قىسىمدا ئاساسەن ھەرپلەرنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنسا، ئىككىنچى قىسىمدا ئۇيغۇرچىنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تىلنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، بەزى پايدىلىق ئوقۇشلۇق تېكىستلەر كىرگۈزۈلدى.

ئاخىردا، ئۇيغۇر تىلى ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىزدىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرىنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك تۈزۈلۈشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەنقىد - پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

نەشرىياتتىن

2015 - يىلى، 15 - ئىيۇن، ئىستانبۇل





شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بەلگىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆسمۈرلەر مارشى

مۇسۇلمان پەرزەنتى ئىسلام ۋارىسى،
ئۇممەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى بىز.
ھەققەت، ئادالەت يولىدا ماڭغان،
تەقۋادار ئەجدادنىڭ پۇتۇكلىرى بىز.




ئۆگىنىپ، ئۆگىتىپ ئىمان ـ ئىسلامنى،
ھەقىقىي مۇسۇلمان، مۇئمىن بولىمىز.
بىلگەنگە ئەمەل قىلىپ چوقۇم بىر ئۆمۈر،
ئىسلامىي ھاياتتا ياشاپ ئۆتىمىز.

مۇسۇلمان ئۇيغۇرمىز، تۈرك نەسلى بىز،
ئالەمگە نۇر چاچقان، ئەجداد ئەسلىمىز.
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوت يۈرەك ـ باتۇر،
قىساسكار، پىداكار، ئوغۇل ـ قىزىمىز.

ھەققەت، ئادالەت، ئەركىنلىك ئۈچۈن،
ئۇلۇشكە تەييارمىز، ھەتتا ھەممىمىز.
يوقىتىپ ۋەتەندىن ۋەھشىي زالىمنى،
مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئەھدىمىز.



# ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا ئات  | ئە ئەينەك  | ب بېلىق  | پ پاقا  |
| ت توشقان  | ج جۇۋا  | چ چەينەك  | خ خوراز  |
| د داپ  | ر راۋاپ  | ز زەنجىر  | ژ ژۇرنال  |
| س سائەت  | ش شىر  | غ غاز  | ف فونتان  |
| ق قوي  | ك كالا  | گ گۈل  | ڭ ياڭاق  |
| ل لامپا  | م مۈشۈك  | ن نان  | ھ ھارۋا  |
| ئو ئورغاق  | ئۇ ئۇۋا  | ئۆ ئۆي  | ئۈ ئۈزۈم  |
| ۋ ۋېلسىپىت  | ئې ئېيىق  | ئى ئىت  | ي يولۋاس  |

www.uyghurkitap.com

# ئا ا ـا ـئا






كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئا» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئا» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئا ا ـا ـئا ئا ا ـا ـئا



# ئە ە ـە ـئە




كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئە» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئە» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئە ە ـە ـئە ئە ە ـە ـئە

## ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې





كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نىمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئې» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئې» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې



## ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى





كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نىمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئى» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئى» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى

ئو　　　و　　　ـو　　　ـئو



10

كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئو» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۈلگە بويىچە «ئو» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئو و ـو ـئو ئو و ـو ـئو



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ　　　ۇ　　　ـۇ　　　ـئۇ





كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئۇ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۈلگە بويىچە «ئۇ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ





كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئۆ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئۆ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ



ئۈ ۈ ـۈ ـئۈ

3



كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. «ئۈ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە «ئۈ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۈ ۈ ـۈ ـئۈ ئۈ ۈ ـۈ ـئۈ

# 1 - ئاساسىي مەشق

1 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇش ۋە يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ئا ا ـا ـئا ئە ە ـە ـئە

ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې

ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى

ئو و ـو ـئو ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ ئۈ ۈ ـۈ ـئۈ

2 - كۆنۈكمە: «ئا»، «ئە» ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

3 - كۆنۈكمە: «ئى»، «ئې» ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

4 - كۆنۈكمە: «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

















5 - كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

6 - كۆنۈكمە: ئىسىملاردىكى سوزۇق تاۋۇشنى ئايرىپ چىقىڭلار!

# ن نـ ـنـ ـن





نان

ئون

ئۆن

ئا+نا=ئانا

ئە+نە=ئەنە

ئانا، ئەنە نان.

ئون نان.


كۆنۈكمە: «ن» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ن» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئون نان. ئۆن ئون



# ت تـ ـتـ ـت





ئات

ئوت

ئۆت

تات

ئا+تا=ئاتا

ئە+تە=ئەتە

ئو+تۇن=ئوتۇن

تا+نا=تانا

ئاتا، ئوت ئوتا. ئاتا، تانا تات.

كۆنۈكمە: «ت» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ت» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئاتا، ئوق ئات.

س سـ ـسـ ـس





سان سا-ئەت ئاستا

سەن ئا-سان ئۇستا

سۈت سا-نا ئەسئەت

ئەسئەت سۇ تۇتتى. ئىسا سۈت ساتتى.


كۆنۈكمە: «س» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«س» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

مۇسا سامسا ساتتى.



ش شـ ـشـ ـش





ئاش شو-تا

تاش ئىشـ-ـتان

تەش تو-شۇ

شەمشىنۇر ئاش ئەتسۇن، شەۋكەت ئوتۇن توشۇسۇن.

كۆنۈكمە: «ش» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ش» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ھاشىم شاپتۇل يېدى.

# 2 - ئاساسىي مەشق

1 - كۆنۈكمە: «ن،ت» ۋە «س،ش» ھەرپلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن قانداق ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ئۆزەڭلار ئويلىنىپ «ن،ت،س،ش» ھەرپلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.

2 - كۆنۈكمە: «ن، ت، س، ش» ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىغا دىققەت قىلىپ تۆۋەندىكى ئۆلگە بويىچە يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ئانا، نىشان، تون، شۇئان، سۈتنى، ئۆتنە، ئاشتىن، تاشتىن، ئات، ئۆت، تەشنا، ئاتا، ئاتتىن، ئىشتىن، ئىت، ئائىت، ئاس، كەس، سۇس، سان، سائەت، ئىسسىت، ئىسسىش، ئىس، ئاش، تەش، ناشتا، شاتۇت، ئىشتىن، تاشتىن، ئىشتان، ئىش، نان، ئاش، تاش، ئاسان، ئاستا، ئۇستا، ئاتتا، ئۇن، سۈت، سۈننەت.



3 - كۆنۈكمە: رەسىملەرنى سۆزلەرگە سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرايلى!

سائەت




ئۆردەك



قوغۇن



نان



ئامۇت



# م مـ ـمـ ـم





| | | |
|---|---|---|
| مەن | مو-ما | ماموت |
| شام | ئا-مان | ئاموت |
| تام | ما-نا | مانتا |
| مەش | سا-مان | ماشنا |

مومام مانتا ئەتتى. مەسۇم، مانا ئاموت.

كۆنۈكمە: «م» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«م» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**ماموت مەسجىدگە ماڭدى.**



# ل لـ ـلـ ـل





| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئال-ما | لىمون |
| مال | ئى-لىم | ئالىم |
| شال | تا-لا | ئەلا |
| تىل | سال-ما | ئىلان |

ئالىم، ئالما ئال.

كۆنۈكمە: «ل» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ل» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**لەيلىگۈل، لەغمەن ئەت.**

www.uyghurkitap.com

## ب ـب ـبـ بـ







| | | |
|---|---|---|
| باش | بوســـتان | بىلەت |
| بەش | بۇلــ-ــبۇل | بىلىم |
| بوش | بۇ-لۇت | بىلىق |
| بۆل | سا-بىت | بومبا |

بوستان، مانا بەش بىلەت.


كۆنۈكمە: «ب» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ب» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

بۆگۈن بايرام بولدى.



## پ ـپ ـپـ پـ





| | | |
|---|---|---|
| پۇل | پالــ-ــتا | سىنىپ |
| پىل | پو-لات | پاشا |
| پەن | لامــ-ــپا | شاپتۇل |
| توپ | پا-تەم | پۈتۈن |

پاتىگۈل، مانا ئىلىپبە.

كۆنۈكمە: «پ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«پ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

پەزىلەت پىياز توغرىدى.

## 3 ـ ئاساسىي مەشىق

1 ـ كۆنۈكمە: «مىلتىق، ئاپتومات، بومبا، باتۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ نەچچە ھەرپتىن ۋە نەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئىككى قۇردىن، چىرايلىق يېزىپ چىقىڭلار.

2 ـ كۆنۈكمە: «ب، پ» ھەرپلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن قانداق ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

تەركىبىدە «ب» ھەرپى بولغان سۆزلەردىن تۆتنى ۋە «پ» ھەرپى بولغان سۆزلەردىن ئۈچنى يېزىپ كېلىڭلار.

3 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى پۇختا مەشىق قىلىپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى مۇۋاپىق قوللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

ئاتام، ئانام، مۇسۇلمان، ئالما، ئاتما، ئالىم، ئىنىم، ئەل، شامال، لېتىپ، سالام، سەللە، بىلىم، تىلىم، ئېسىل، پەسىل، باتۇر، بەت، ئېلىپبە، بۇلبۇل، توپ، ئاپتاپ، ئاپتومات، پىلىموت، لامپا، لەمپە، سىنىپ.



www.uyghurkitap.com













4 ـ كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

5 ـ كۆنۈكمە: ئىسىملاردىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئايرىپ چىقىڭلار!

# ر   ـر





| | | |
|---|---|---|
| بىر | ئا-را | ئانار |
| راست | رە-سىم | ناسىر |
| شار | رە-نا | روشەن |
| بور | ئو-را | راملە |

ناسىر، رەسىم سىز.   رەنا، نان راسلا.

كۆنۈكمە: «ر» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ر» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

راھىلە رادىئو تىڭشىدى.



# ز   ـز





| | | |
|---|---|---|
| زور | ئا-زات | ئەزىز |
| زال | زا-مان | ئۈزۈم |
| سۆز | تۇز-سىز | تومۇز |
| ئاز | زۇمـ--ـرەت | تۈزۈم |

مانا تۇرپان ئۈزۈمى.   زۇمرەت، ئۈزۈم ئال.

كۆنۈكمە: «ز» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ز» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

تۇرپان ئۈزۈمى زەپمۇ شىرىن.

www.uyghurkitap.com

## د ـد




| | | |
|---|---|---|
| داپ | دۇ-تار | سادىر |
| داس | دو-را | دىلبەر |
| دان | دوپـ-ـپا | دوستۇم |
| دادا | دەپـ-ـتەر | باردى |

سادىر دۇتار ئالدى، دىلبەر دەپتەر ئالدى.

كۆنۈكمە: «د» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«د» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

داۋۇت دوپپا كىيدى.



## 4 - ئاساسىي مەشىق

1 - كۆنۈكمە: «ر، ز، د» ھەرپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانداق پەرقلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

تەركىبىدە «ر، ز، د» ھەرپلىرى بولغان ئالتە سۆز تۈزۈپ، دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.

2 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ نامىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار.




گۈل

مېغىز

چامغۇر

مۇنار




مۇچ

پىياز




## ي   يـ   ـيـ   ـي





| | | |
|---|---|---|
| يول | ئايـ-ـشەم | يۇسۇپ |
| يەل | بايـ-ـراق | يەتمىش |
| ئاي | يا-سىن | يۇلتۇز |
| ياش | يولـ-ـۋاس | ياشا |

دادام ئۆي ياسىدى، مەن ياردەملەشتىم.

كۆنۈكمە: «ي» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ي» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

يولۋاس يېتىپتۇ



## ف   فـ   ـفـ   ـف





| | | |
|---|---|---|
| ئۇف | فونـ-ـتان | فابرىكا |
| تۇف | فىـ-ـلىم | فرانسىيە |

ئەنە فونتان، مانا تېلېفون.

كۆنۈكمە: «ف» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ف» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

فونتاندىن سۇ چىقىۋاتىدۇ

## ق ـق ـقـ قـ





| | | |
|---|---|---|
| قار | قەشـــقەر | قوشقاچ |
| قاش | قايـــماق | قوشقار |
| قاق | توشـــقان | ئاشلىق |
| قوي | قـــزىل | قاسىم |

يالقۇن تېرىشىپ ئوقۇيدۇ.

كۆنۈكمە: «ق» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسلەر؟


«ق» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئانا تۇپراق قەشقەر.



www.uyghurkitap.com

## 5 ـ ئاساسىي مەشىق



1 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بۇ سۆزلەردە «ي، ف، ق» ھەرپلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئاي، باي، تاي، يەر، يول، ئىلياس، دىنىي، ئىلمىي، فاملە، نېفت، قاق، چاق، بايراق، قۇرئان، قەشقەر، مۇقام، شەرقىي، قاسساپ، ساقال، تۇپراق، قېتىق.

2 ـ كۆنۈكمە: تەركىبىدە «ي، ف، ق» ھەرپلىرى بولغان ئالتە دانە سۆز تۈزۈپ، دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.















3 - كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

4 - كۆنۈكمە: ئىسىملاردىكى ئۆزۈك تاۋۇشنى ئايرىپ چىقىڭلار!



# ك  كـ  ـكـ  ـك





| | | |
|---|---|---|
| كەل | ئىك-كى | كۆمۈر |
| كەت | كەت-مەن | كۆتەك |
| سۆك | مەك-تەپ | تۈلكە |
| كۆز | كەك-لىك | كەپتەر |


كامال كەكلىك باقتى.

كۆنۈكمە: «ك» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ك» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

كارۋان ئۆتۈپ كەتتى.

# گ   گـ   ـگـ   ـگ

| | | |
|---|---|---|
| گۈل | گىـ-ـلەم | ئۆلگە |
| گەپ | گېـ-ـزىت | گۈلشەن |
| گۆش | لەگـ-ـلەك | گۈزەل |
| گال | ئەمـ-ـگەك | سەگەك |

گۈلنۇر گۈزەل ئەخلاققا ئىگە.

كۆنۈكمە: «گ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«گ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

گۈلگىنە گۈل تېرىدى.



# ڭ   ڭـ   ـڭـ   ـڭ




| | | |
|---|---|---|
| ئوڭ | مىـ-ـڭە | ياڭاق |
| كەڭ | يىڭـ-ـنە | يالاڭ |
| توڭ | سىڭـ-ـلىڭ | ساڭزا |
| تەڭ | يېـ-ـڭى | باراڭ |

ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.

كۆنۈكمە: «ڭ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«ڭ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ياڭاق شېخى لىڭشىيدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 6 - ئاساسىي مەشق



1 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بۇ سۆزلەردە «ك، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ۋە ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن ئىككىدىن سۆز يېزىپ كېلىڭلار.

كۆك، بۆك، تەكبىر، مەككە، مۆتەپەككۇر، تەكلىماكان، كەتمەن، كېلىن، كۆمۈر، بەرىكەت، پىداكار، ئەمگەك، گۈلقەنت، كىگىز، گەپ، گاداي، گۈرۈپپا، گۈلشەن، گۈزەل، ياڭاق، يىڭنە، يالاڭ، بۇلۇڭ، يېڭى، ساڭزا، باراڭ.















2 - كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

3 - كۆنۈكمە: ئىسىملاردىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئايرىپ چىقىڭلار!

www.uyghurkitap.com

# غ ـغ ـغـ غـ





| | | |
|---|---|---|
| تاغ | تۇر-غان | قەغەز |
| باغ | غاپـ-ـپار | ئېغىز |
| غۇل | يۇلـ-ـغۇن | يامغۇر |
| سوغ | غو-زا | قۇرغاق |

يامغۇر ياغدى، تاغلار ياپيېشىل ياشىرىپ كەتتى.


كۆنۈكمە: «غ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

«غ» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

تاغدا يامغۇر ياغدى.



# ھ ـھ ـھـ ھـ

| | | |
|---|---|---|
| ھاڭ | ھە-رە | ھەرىكەت |
| ھەق | ھا-شىم | مېھنەت |
| ھېيت | ھېـ-ـساب | مېھمان |
| ھۆل | ھو-رۇن | باھار |

باھار كەلدى، ھەممە يەر گۈللەرگە پۈركۈندى.

كۆنۈكمە: «ھ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىر قەدەر تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ھەلىمە ھەرەمگە باردۇ.

# ج ـج ـجـ جـ





| | | |
|---|---|---|
| جان | جه-رەن | جەملە |
| جاي | جا-مال | مىجىت |
| جوٗپ | جىــ-رىم | جاپپار |
| باج | جوٗر-ئەت | غوٗلجا |

قەشقەر باغلىرىدا، ئەنجوٗر، ئانار كۆپ.

كۆنۈكمە: «ج» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئابدۇلمەجىد جوۋا ئالدى.



# چ ـچ ـچـ چـ





| | | |
|---|---|---|
| چاي | چېــ-ـلەك | غوٗنچەم |
| چاچ | چا-نا | چەينەك |
| چال | پىــ-ـچاق | ئاچقوٗچ |
| چاڭ | چۆ-موٗچ | كوٗچلوٗك |

ئوٗچقوٗن تېرىشچان بالا، چىمەن ئىشچان قىز.

كۆنۈكمە: «چ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىر قەدەر تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

چايدانىدا چاي بار.

خ خـ ـخـ ـخ





| | | |
|---|---|---|
| خەت | خالـتا | خامان |
| شاخ | پاخـتا | پاخلان |
| بىخ | خېـلىل | ناخشا |
| خۇش | خېـمىر | خۇشخۇي |

تاڭ ئاتتى، خوراز چىللىدى، بىز خاماندا ئىشلىدۇق.


كۆنۈكمە: «خ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىر قەدەر تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

خالىد خامان تەپتى.



ژ ـژ






| | | |
|---|---|---|
| ژۇرنال | گاژ-گۇژ | پۇرژىنا |
| ژىن | غۇژ-غۇژ | بۇژغۇن |
| غاژ-غۇژ | گىژ-گىژ | پارىژ |

«تارىم غۇنچىلىرى»، بالىلار ژۇرنىلى.

كۆنۈكمە: «ژ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىر قەدەر تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

پىژ-پىژ گاژ-گۇژ



www.uyghurkitap.com

## ۋ ـۋ





| | | |
|---|---|---|
| ۋا-قىت | تا-ۋۇز | ۋەتەن |
| ۋە-دە | هالـ-ـۋا | هاۋا |
| هايـ-ـۋان | هار-ۋا | چارۋا |
| نا-ۋات | كار-ۋات | ۋاهىت |

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز، بىز ۋەتەننى سۆيىمىز.

كۆنۈكمە: «ۋ» ھەرپى بار ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنە قايسىلارنى بىلىسىلەر؟

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىر قەدەر تېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

بىز ۋەتەننى سۆيىمىز.



## 7 - ئاساسىي مەشىق




1 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. بۇ سۆزلەردە «ج، چ، خ، ژ، ۋ» ھەرپلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ۋە ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن ئىككىدىن سۆز يېزىپ كېلىڭلار.


جىھاد، تاج، مۇجاھىد، جايناماز، جەننەت، جەھەننەم، ھاجىم، پىچاق، قىلىچ، خۇشخەت، چېلىشچى، چۆچەك، چاقچاقچى، خەرىتە، خائىن، خوراز، خۇشخۇي، پاختا، شاخ، بىخ، ناخشا، ئىنژېنېر، چېرتيوژ، پۇررژىنا، ژۇرنال، پارىژ، غاژ-غۇژ، پىژ-پىژ، ساماۋەر، مىسۋاك، كاۋاپ، ناۋات، بوۋاق، پەتىۋا، ۋەتەن.













2 - كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

3 - كۆنۈكمە: ئىسىملاردىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئايرىپ چىقىڭلار!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆز

### 1 - ھەرپ

تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ي، ب، پ، چ ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار بولۇپ، بۇنىڭ سەككىزى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى. ئۇلار: «ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ». يىگىرمە تۆتى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى. ئۇلار: «ن، ت، س، ش، م، ل، ب، پ، ر، ز، د، ي، ف، ق، ك، گ، ڭ، غ، ھ، ج، چ، خ، ژ، ۋ».

### 2 - بوغۇم

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان ھەر بىر قىسمى بوغۇم دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ.

مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ، بىز، ئاتا، مەكتەپ، نان، ئانا، ھەدە ۋە باشقىلار.

بوغۇم بىر سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ياكى بىر نەچچە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ، ئا-نا، دەرس، ھەرپ ۋە باشقىلار.قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئا- | ئوقۇغۇ- | تا- |
| تا | چى | ۋۇش |

# 3 ـ سۆز

*بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەر يىغىندىسى سۆز دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن، ئىسلام، مۇسۇلمان، جەننەت، جەھەننەم، قۇرئان، شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقىلار.

*سۆزلەر بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ.

مەسىلەن: ئات، گۈل، ئۈيغۇر، ناۋات، مۇستەقىللىق، تەبەسسۇم، مۇجاھىد.

كۆنۈكمە:

ئالما، لەغمەن، پولو، مانتا، ئېلىپبە، قەشقەر، ئۈرۈمچى، چۆچەك.

1) يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ چىقىڭلار.

2) ھەر بىر سۆزنىڭ قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3) ھەر بىر سۆزنىڭ قانچە بوغۇمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى تېپىپ چىقىڭلار.

4) ئۆزۈڭلار يۇقىرىقى سۆزلەردىن باشقا بەشتىن سۆز يېزىپ ئۇلارنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى يېزىپ كېلىڭلار.

www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن

# ئېلىپبە ئوقۇشلۇقى

(ئىككىنچى قىسىم)

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2014 - يىلى، ئىستانبۇل

شەرقىي تۈركىستان ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن

# ئېلىپبە ئوقۇشلۇقى

سۈتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچىنچى
قېتىم نەشر قىلىندى.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Ördek Ksasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt No: 108 D:5
Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye
Tel: 00905232877 212-- E-mail: info@maarip.org

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................5
ئۆسمۈرلەر مارشى ........................................8
ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا ................................9
ئادەم ئاتىنىڭ ۋاپاتى ......................................10
چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىلىم .............................11
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ............................12
ئىلاھىي تەربىيە ..............................................13
ئوڭ قولۇمغا قوياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ ................14
قايغۇرما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە .................................15
مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ..........16
بىز دۈشمەن بىلەن سان ۋە كۈچكە تايىنىپ ئۇرۇش قىلمايمىز ..............17
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسى ..............18
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرى ..............22
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۈكلىرى .........................24
ئىسلام تارىخىدىكى تۆت چوڭ خەلىپە ..............................25
ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ..............................25
ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .....................26
ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ..................27

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ..................................28

شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى بىر قىسىم تۆھپىكار شەخسلەر ........29

مۇھىم ئەقىدىلەر ..................................................35

مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرگە دىنىي سوئال - جاۋابلار ....................41

تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلى ..........................................48

ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى ............................................50

سەپەر .........................................................53

يېتەر .........................................................54

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ...................................55

بارىن جىھادى ..................................................61

ئايرىلمىسۇن ...................................................63

قۇرئانىم .......................................................66

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا بىزنى ۋە بارلىق كائىناتنى ياراتقان، بىزگە يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگەتكەن جانابى ئاللاھقا خاستۇر! بىزگە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى ئارقىلىق ئىنسانلىق شەرىپىمىزنى تونۇتقان رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت، مەغپىرەت، دۇرۇد ۋە سالام بولسۇن!

ئۇيغۇر تىلى ــ ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى ئائىلىسى، تۈركىي تىللار تۈركۈمى، شەرقىي تۈرك (ئۇيغۇر - قارلۇق ياكى ئۇيغۇر - ئۆزبېك) تىل تارمىقىغا تەۋە، يېپىشقاق خاراكتېردىكى مەۋجۇت تىلدۇر.

ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدىغان كىشى سانى ئەڭ كۆپ تۈركىي تىل سۈپىتىدە 7 - ئەسىردىن 21 - ئەسىرگىچە بولغان 13 ئەسىرلىك بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولۇشى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنى قانداق ئىشلىتىشىگە، قىممەتكە ئىگە قىلىشىغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە باغلىق.

ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق دېگەن: «بالاڭلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشىغان دەۋردە ياشىمايدۇ». بالىلار ئۈممەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدۇر.

قولىڭىزدىكى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى بۇندىن بۇرۇن نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بىراق، كىتابنىڭ سانى چەكلىك بولغانلىقى ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىتابقا بولغان تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقىنى

كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق نەشرىنى ھۇزۇرىڭلارغا سۇندۇق.


بۇ قېتىمقى نەشرىنى ھازىرلاشتا ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق نەشرىدىن ئالغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنى ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى يەكۈنلەپ، كىتابقا ئومۇمەن قىلىپ بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدۇق ۋە ئۇنى ئىككى قىسىم قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. بىرىنچى قىسىمدا ئاساسەن ھەرپلەرنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنسا، ئىككىنچى قىسىمدا ئۇيغۇرچىنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تىلىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، بەزى پايدىلىق ئوقۇشلۇق تېكىستلەر كىرگۈزۈلدى.

ئاخىردا، ئۇيغۇر تىلى ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىزدىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرىنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك تۈزۈلۈشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەنقىد - پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئايىماسلىقنى سورايمىز.

نەشرىياتتىن

2014 - يىلى، 3- ئىيۇل، ئىستانبۇل

www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بەلگىسى

# ئۆسمۈرلەر مارشى

مۇسۇلمان پەرزەنتى ئىسلام ۋارىسى،
ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى بىز.
ھەقىقەت، ئادالەت يولىدا ماڭغان،
تەقۋادار ئەجدادنىڭ پۇتۇكلىرى بىز.

ئۆگىنىپ، ئۆگىتىپ ئىمان ـ ئىسلامنى،
ھەقىقىي مۇسۇلمان، مۇئمىن بولىمىز.
بىلگەنگە ئەمەل قىلىپ چوقۇم بىر ئۆمۈر،
ئىسلامىي ھاياتتا ياشاپ ئۆتىمىز.

مۇسۇلمان ئۇيغۇرمىز، تۈرك نەسلى بىز،
ئالەمگە نۇر چاچقان، ئەجداد ئەسلىمىز.
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوت يۈرەك ـ باتۇر،
قىساسكار، پىداكار، ئوغۇل - قىزىمىز.

ھەقىقەت، ئادالەت، ئەركىنلىك ئۈچۈن،
ئۆلۈشكە تەييارمىز، ھەتتا ھەممىمىز.
يوقىتىپ ۋەتەندىن ۋەھشىي زالىمنى،
مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئەھدىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن ئىلگىرى پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.

پەرىشتىلەر: ”يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز“ دېدى.

ئاللاھ: ”مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن. مەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئادەمنى يارىتىمەن. مەن ئۇنى تولۇق يارىتىپ، سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، (ئەزەلىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار“ دېدى.

كۆنۈكمە: سىز ئۈچىنچى ئابزاستىن نېمىلەرنى چۈشەندىڭىز؟

# ئادەم ئاتىنىڭ ۋاپاتى

ئادەم ئاتا زېمىندا ياشاپ 1000 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلگەندە، ھىندىستاندىكى بىر تاغقا چۈشكەن بولۇپ، ۋاپات بولغاندا ئاشۇ تاغنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ئادەم ئاتا، ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، بارلىق پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئىنسان ئىدى. شەيتاننىڭ ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقى سەۋەبىدىن ئادەم بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇنجى قەدەمدىلا ئاشكارىلاندى، يەنى ئادەم ئاتا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، نازۇنېمەتلىك جەننەتتىن جاپا - مۇشەققەتلىك زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلدى.

بۇ ئۇنتۇلماس تارىخىي ۋەقە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، شەيتان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئىنتايىن قاتتىق ۋە كۈچلۈكتۇر، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىن ۋە رەھىمسىزدۇر.

كىمكى شەيتاندىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ، غەپلەتكە چۆكسە، ئادەم ئاتىغا ئوخشاش جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

كۆنۈكمە: ئادەم ئاتا نېمە ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلاندى؟

www.uyghurkitap.com

# چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىلىم

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا سۇنۇلغان بىر دەۋادا ئاشكارىلاندى.

بىر قەۋمنىڭ ئۈزۈملۈك بېغىغا يەنە بىر قەۋمنىڭ قويى كىرىپ، ئۇنىڭ تاللىرىنى بۇزۇۋەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قوينى باغ ئىگىسىگە بۆلۈپ بەردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇنداق بولسا، توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭچە قانداق بولسا توغرا بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: «باغنى قوي ئىگىسىگە بۆلۈپ بەرگىن، ئۇ تالنى پەرۋىش قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرسۇن. قوينى باغ ئىگىسىگە بۆلۈپ بەرگىن، ئۇنىڭ سۈت، قېتىق ۋە يۇڭلىرىدىن پايدىلانسۇن. تال ئەسلىگە كەلگەن چاغدا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مۈلكىنى قايتۇرۇۋالسۇن» دېدى.

ئاللاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى چوڭقۇر ئىلىم ۋە چۈشەنچە بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى.

كۆنۈكمە: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام نېمىشقا باغنى قوي ئىگىسىگە، قوينى باغ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ؟

# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

قەدىرلىك ئۆسمۈر دوستلار! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571 - يىلى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىر دۈشەنبە ئەتىگەنلىسى، مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغان، ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. يېتىم قالغان پەيغەمبىرىمىزنى سەككىز ياشقا كىرگۈچە بوۋىسى بېقىپ چوڭ قىلدى. بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەككىز ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنى تاغىسى ئەبۇ تالىب بېقىپ چوڭ قىلدى. 25 ياشقا كىرگەندە، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە بىلەن توي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقى ئىچىدە كىچىكىدىنلا راستچىللىق ۋە ۋاپادارلىق بىلەن تونۇلغان ئىدى. قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى ئامانەت قويماقچى بولغان كىشىلەر، «ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئەمىن» دەپ نام ئالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئامانەت قوياتتى.

مىلادى 610 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەندە، جانابى ئاللاھ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيي نازىل قىلىپ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىپىنى 23 يىل جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، 632 - يىلى 63 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئالەمدىن ئۆتتى.

كۆنۈكمە: بۇ تېكىستنى يادلىۋېلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلاھىي تەربىيە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ قوغدىشى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ كىر - قاسماقلىرىدىن پۈتۈنلەي پاك، ناچار ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن تامامەن يىراق ھالدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ باشقا كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئېسىللىك، ئالىيجانابلىق، گۈزەل ئەخلاق، ھايا، راستچىللىق، ئىشەنچ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، سەت گەپ ۋە ئاغزى يامانلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەر ئۇنى «ئەمىن» (ئىشەنچلىك كىشى) دەپ ئاتايتتى.

ئۇ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۇزۇپ قويمايتتى، كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى، مېھماننى ھۆرمەتلەيتتى، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەم بېرەتتى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، قانائەتچان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 14 ــ 15 ياشقا كىرگەندە، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن قەيس قەبىلىسى ئىچىدە فۇججار ئۇرۇشى بولدى. ئۇ بىرقانچە كۈن ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇ، ئۇرۇشتا تاغىلىرىغا ئوق سۇنۇپ بەردى. ئۇ مۇشۇ قېتىم ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تونۇدى.

كۆنۈكمە: ئەرەبلەر نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنى «ئەمىن» دەپ ئاتىغان؟

# ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ

بۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ: ”تاغاممۇ ھامىيلىقتىن ۋاز كېچىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا كېرەك“ دەپ ئويلاپ: «ئى تاغا! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا بۇ ئىشنى تاشلاش بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ، ئاللاھ بۇ ئىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلمىغۇچە ياكى مەن مۇشۇ يولدا ھالاك بولۇپ تۈگەشمىگىچە ھەرگىز تاشلىمايمەن» دېدى - دە، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككىنىچە چىقىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ تېخى يىراققا بارمىغان ئىدى، ئەبۇ تالىب ئۇنى چاقىردى. رەسۇلۇللاھ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىشۇدى، ئەبۇ تالىب: «بارغىن ئوغلۇم! خالىغىنىڭنى تەشۋىق قىلغىن، ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر قانداق ئەھۋالدا سېنى قەتئىي تاشلىۋەتمەيمەن» دېدى.

كۆڭۈلكمە: ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ ئوڭ قولۇڭلارغا قۇياشنى، سول قولۇڭلارغا ئاينى تۇتقۇزسا، ئىسلامدىن ۋاز كېچەمسىلەر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قايغۇرما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى غاردا تۇرۇۋاتقاندا، ئەبۇ بەكرى بىر توپ ئادەملەرنىڭ پۇت - پاچاقلىرىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى بېشىنى شۇنداق تۆۋەن قىلسىلا، بىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ بەكرى! ئىككىمىزنىڭ ئۈچىنچىسى ئاللاھ تۇرسا، شۇنىڭدىن ئەنسىرەمسەن؟» دېدى.

مۇشۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: (ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى) .

كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكى تېكىستتا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەنىڭ قايسى ۋەقە ئىكەنلىكىنى ئاتا - ئاناڭلاردىن سوراپ كېلىڭلار!

# مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلارنى تەڭلىك (يەنى بارلىق مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى قېرىنداشىغا بۆلۈپ بېرىش) ئاساسىدا قېرىنداش قىلىپ قويىدى. ئەنسارلار مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋېلىشتا ئۆزئارا بەسلەشتى. ھەتتا قېرىنداشنى تالىشىپ چەك تاشلىشاتتى. ئۆي - بىسات، مال - مۈلۈك، چارۋا - ماللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېرىمىنى مۇھاجىر قېرىنداشىغا بۆلۈپ بېرىشتە چىڭ تۇراتتى. قېرىنداشنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى.

ئەنسارى مۇھاجىرغا: ”قارىغىن، مېلىمنىڭ يېرىمىنى سەن ئالغىن“ دەيتتى. مۇھاجىر بولسا: ”ياق، مېنى بازارغا باشلاپ بارغىن (سودا قىلىپ تۇرمۇشۇمنى قامداي)“ دەيتتى. قىسقىسى، ئەنسارلار مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى. مۇھاجىرلار بولسا، غورۇر ۋە پاكلىقنى مۇھىم بىلەتتى.

كۆنۈكمە: مۇھاجىر دېگەن نېمە؟ ئەنسار دېگەنچۇ؟ ئەنسارىلار نېمە ئۈچۈن مۇھاجىرلارنى قېرىنداش قىلىۋېلىشتا بەسلىشىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىز دۈشمەن بىلەن سان ۋە كۈچكە تايىنىپ ئۇرۇش قىلمايمىز

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە كىشىلەرنى جىھادقا ئىلھاملاندۇرۇپ: "ئى قەۋم! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر شېھىدلىكنى ئىزدەپ چىققان تۇرۇپ، ئۇنى ئۆچ كۆرۈۋاتىسىلەر. بىز دۈشمەن بىلەن سان، كۈچ ۋە كۆپلۈككە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بىزنى ھۆرمەتلىك قىلغان مۇشۇ دىنغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز. يا غەلىبە يا شېھىدلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

كۆنۈكمە: بىز نېمىگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز؟

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسى

ئى ئىنسانلار! سۆزۈمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار! بەلكىم بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن.

ئى ئىنسانلار! بۇ كۈنلەر قانداق مۇقەددەس بىر كۈن بولسا، بۇ ئېيلار قانداق مۇقەددەس بىر ئاي بولسا، بۇ شەھەرلەر (مەككە) قانداق مۇبارەك بىر شەھەر بولسا، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر، ھەر خىل تاجاۋۇزدىن مۇھاپىزەت قىلىنغاندۇر.

ساھابىلىرىم! ئەتە پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. بۈگۈنكى پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلاردىن چوقۇم ھېسابقا تارتىلىسىلەر. مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى ئازغۇن يوللارغا قايتىپ، بىر - بىرىڭلارنىڭ بوينىنى چاپماڭلار! بۇ يەرگە ھازىر بولغانلار ۋەسىيىتىمنى بۇ يەردە يوقلارغا يەتكۈزسۇن! بەلكىم بۇ يەردە يوق كىشىلەر ئىچىدىن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە بار كىشىدىن ياخشىراق چۈشىنىپ، ئەمەل قىلىدىغانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئى ساھابىلىرىم! جاھالەت دەۋرىدىكى خۇن دەۋالىرىمۇ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىرىنچى بولۇپ جىيەنىم رەبىئەنىڭ خۇن دەۋاسىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم.

ئى ئىنسانلار! بۈگۈن شەيتان سىلەرنىڭ بۇ زېمىنىڭلاردا ئۆزىگە قايتا ئىبادەت قىلىنىشتىن ئۈمىد ئۈزدى. ئەمما سىلەر مەن ئەمەلدىن قالدۇرغان بۇ ئىشلاردىن باشقا كىچىك دەپ بىلگەن ئىشلاردا ئۇنىڭغا

ئىتائەت قىلساڭلار، بۇ ئۇنى بەكمۇ مەمنۇن قىلىدۇ. دىنىڭلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بۇلاردىنمۇ ھەزەر ئەيلەڭلار.

ئى ئىنسانلار! كىمنىڭ يېنىدا بىرەر ئامانەت بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە بەرسۇن. ئۆسۈمنىڭ ھەر خىل تۈرى مەنئى قىلىندى. (ئۇنى) ئايىغىمنىڭ ئاستىدا چەيلىدىم. بىراق قەرزىنىڭ ئەسلى مىقدارى قايتۇرۇلىشى كېرەك. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، زۇلۇم قىلىنىشقىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ پەرمانى بىلەن جازانىخورلۇق مەنئى قىلىندى. جاھالەت دەۋرىدىن قالغان بۇ ناچار ئادەتنىڭ ھەر خىل تۈرى ئايىغىمنىڭ ئاستىدا چەيلەندى. بىرىنچى بولۇپ، تاغام ئابباسنىڭ ئالىدىغان ئۆسۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم.

ئى ئىنسانلار! ئاياللىڭلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشىڭلارنى ۋە بۇ ھەقتە ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللىڭلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنىڭ نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئاياللىڭلارنىڭ ئۈستىدە ھەققىڭلار بار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار. سىلەرنىڭ ئاياللىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ ئۆيۈڭلەرگە سىلەر ياقتۇرمايدىغان ھېچقانداق كىشىنى كىرگۈزمەسلىكىدۇر. ئەگەر سىلەر رازى بولمايدىغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆيگە كىرگۈزسە، ئۇلارنى ئاستا ئۇرۇپ، بۇنىڭ ئالدىنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئاستا ئۇرۇپ، بۇنىڭ ئالدىنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئاياللىڭلارنىڭ سىلەردىكى ھەقلىرى يۇرتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە پۈتۈن يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنى تەمىنلەشتۇر.

ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە شۇنداق بىر ئامانەت بەردىمكى، ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، يولۇڭلاردىن ھەرگىزمۇ ئېزىپ قالمايسىلەر. بۇ ئامانەت بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئى مۆئمىنلەر! سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار ۋە ياخشى چۈشىنىڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. شۇڭا پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. دىنىي قېرىندىشىڭلارغا ئائىت ھەرقانداق بىر ھەق-ھوقۇقنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز چېقىلىش ھالال ئەمەس.

ئى ساھابىلىرىم! نەپسىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار. نەپسىڭلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار.
ئى ئىنسانلار! جانابى ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەرگەن. مىراسخور ئۈچۈن ۋەسىيەتكە كېرەك يوق. بالا كىمنىڭ كۆرپىسىدە تۇغۇلغان بولسا، شۇنىڭغا ئائىتتۇر، ئۇنىڭدا زىنا قىلغۇچىنىڭ ھېچبىر ھەققى يوق. دادىسىدىن باشقىسىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ھارامزادە بالا ياكى ئېرىدىن باشقىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن نومۇسسىز ئايال، ئاللاھنىڭ ئازابىغا، پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە دۇچار بولسۇن! جانابى ھەق بۇ كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، شاھىدلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئەتە سىلەردىن مەن توغرۇلۇق سورۇلىدۇ، شۇ چاغدا نېمە دەيسىلەر؟

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە:

— ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى بەجا كەلتۈردۈڭ، ۋەزىپەڭنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىدىڭ، بىزگە ۋەسىيەت ۋە نەسىھەت قىلدىڭ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم مۇنداق دېدى:

ئى رەببىم، گۇۋاھ بول!

ئى رەببىم، گۇۋاھ بول!

ئى رەببىم، گۇۋاھ بول!

كۆنۈكمە: بۇ خۇتبىنى ئاتا - ئانىلارغا ئۈچ قېتىم ئوقۇپ بېرىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەڭ كۆپ ئارىلاشقان، رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەش ۋە تەسۋىرلەش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى كىشى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ سەت گەپ ۋە سەت قىلىقلارنى قىلمايتتى. رەستىلەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايتتى. ئۆزى ئۈچۈن قىساس ئالمايتتى، بەلكى، ئەپۇ قىلاتتى ۋە كەچۈرۈۋېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغاندىن باشقا چاغدا، بىر ئادەمنى زادىلا قولى بىلەن ئۇرۇپ باقمىغان ئىدى. خىزمەتكار ۋە ئاياللىرىغا قول تەگكۈزمەيتتى. زۇلۇم قىلغۇچىدىن ئىنتىقام ئالمايتتى. ئەمما ئاللاھنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلانغان چاغدا، ئەڭ قاتتىق غەزەبلىنەتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھقا ئىككى ئىشتا ئىختىيارلىق بېرىلسە، گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئاسىنىنى تاللايتتى.

رەسۇلۇللاھ ئۆز ئائىلىسىدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنسان ئىدى. كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، قويىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ بىر سورۇنغا كىرسە، سورۇن قەيەردە ئاخىرلاشقان بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى. باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ نېسۋىسىنى بېرەتتى. سۆھبەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى: ”رەسۇلۇللاھ مېنى ھۆرمەتلىدى“ دېگەن تۇيغۇدا بولاتتى. ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى تاكى

شۇ كىشى قايتمىغۇچە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتمەيتتى. ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى ياكى چىرايلىق گەپ بىلەن قايتۇراتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ مىجەزى شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە ئوڭلۇق ئىدىكى، ئۇ كىشىلەرگە ئۆز ئاتىسىدەك تۇيۇلاتتى. رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە كىشى باپباراۋەر ئىدى. ئۇنىڭ مەجلىسى ئىلىم، ھايا، سەۋر ۋە ئىشەنچ سورۇنى ئىدى. رەسۇلۇللاھ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، سۆزدە راستچىل، تەبىئىتى مۇلايىم، ئالاقىدە سەمىمىي ئىدى. رەسۇلۇللاھنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلىگۈچىلەر: ”مەن ئىلگىرى ۋە كېيىن رەسۇلۇللاھتەك بىر ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم“ دەيتتى.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گۈزەللىك لىباسىنى كىيدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە ھەيۋەت ئاتا قىلغان ئىدى. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئوتتۇرا بوي ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھنى قىزىل تون ئىچىدە كۆردۈم، مەن ھېچقاچان ئۇنداق گۈزەل قىياپەتنى كۆرۈپ باقمىدىم“.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى. چىرايى ئاپئاق، ساقىلى قاپقارا، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئىككى مۈرىسى كەڭرەك ئىدى. مەن ئىلگىرى ۋە كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم“.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالقىنىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ تاۋار ۋە يىپەكتىنمۇ يۇمشاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي پۇراقنى پۇراپ باقمىدىم“ دېدى.

كۆنۈكمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!



www.uyghurkitap.com

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۈكلىرى

ئىستانبۇلدا «توپقاپى سارىيى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەينى زاماندا ئوسمانىيلارنىڭ ئوردىسى قارارگاھ قىلىنغان بىر ساراي بار بولۇپ، ھازىر بۇ ساراي مۇزېيخانىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئوسمانىيلارنىڭ 600 يىل دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە توپلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۈكلىرى كۆرگەزمە قىلىنماقتا.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقلى



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچى



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىقى



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆھۈرى



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقياسى



ساھابىلەرنىڭ قىلىچلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام تارىخىدىكى تۆت چوڭ خەلىپە

## 1 - ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادى 573 - يىلى مەككىدە تۇغۇلدى. بالىلىق چاغلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يېقىن دوست بولۇپ بىرگە ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندە تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن بىرى ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تەبلىغ ۋەزىپىسىنى جان - دىلى بىلەن بەجا كەلتۈردى. ئوسمان ئىبنى ئەففان، زۇبەيىر ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا ئوخشاش ئىسلامنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامنى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تونۇلغان بايلاردىن بىرى بولۇپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى ئىسلام خىزمىتىگە ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك قاتارلىق جىھادلارغا قاتناشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن خەلىپە قىلىپ سايلاندى. ئىككى يىل ئۈچ ئاي خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 13 - يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

كۆنۈكمە: ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى خەلىپە كىم؟ قاچان تۇغۇلۇپ؟ قاچان ۋاپات بولغان؟

# 2 - ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەدىن 40 يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەيسەر، باتۇر بولۇپ، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كاپىرلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئىسلامغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك قاتارلىق جىھادلارغا قاتناشتى. ئۇمۇ بايلاردىن بىرى بولۇپ، جىھادقا مېلى ۋە جېنى بىلەن قاتنىشاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن خەلىپە قىلىپ سايلاندى. تا ھازىرغىچە دۇنياغا ئادىللىقى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى 10 يېرىم يىل داۋام قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 23 - يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، بامدات نامىزىدا ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ، 63 يېشىدا شېھىد بولدى.

كۆنۈكمە: ئادىل ھۆكۈمران دېگەن نام بىلەن تونۇلغان خەلىپە كىم؟ ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3 - ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەدىن 47 يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلدى. 34 يېشىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلام باغچىسىغا كىردى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلامغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە بىلەن توي قىلدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىزى ئۇممۇگۇلسۇم بىلەن توي قىلدى. بەدىر ئۇرۇشىدىن باشقا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن قىلىنغان پۈتۈن جىھادلارغا قاتناشتى. ئۇ كاتتا بايلاردىن بىرى بولۇپ، بىر قېتىملىق جىھادقا بىرقانچە مىليون قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر شېھىد بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن خەلىپە قىلىپ سايلاندى. خەلىپە قىلىپ سايلانغاندىن كېيىن، قۇرئاننى بىر پۈتۈن ھالدا كىتاب قىلىپ توپلاپ نەشر قىلدۇردى. 12 يىلغا يېقىن خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ھىجرىيەنىڭ 35 - يىلى، مەدىنىدە 82 يېشىدا خائىن، مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆيىدە قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە شېھىد قىلىندى.

كۆنۈكمە: قۇرئان كەرىمنى بىر پۈتۈن ھالدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان خەلىپە كىم؟ بۇ تېكىستنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىڭلار!

# 4 - ھەزرتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىل ۋەقەسىدىن 33 يىل كېيىن، مەككىدە تۇغۇلدى. 10 يېشىدا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ، خەدىجە ئانىمىزدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان تۇنجى كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئىسلامىيەتكە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ھەزرتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەيسەر، باتۇر بولۇپ، جىھادلاردا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر كىشىلەردىن ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە بىلەن توي قىلدى. نىكاھىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇدى. ھەزرتى ئەلى پاتىمە ئانىمىزدىن ھەسەن، ھۈسەيىن ئىسىملىك 2 ئوغۇل، زەينەپ ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى ھەزرتى ئەلىدىن داۋاملىشىشقا باشلىدى. ھەزرتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 35 - يىلى، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن خەلىپە قىلىپ سايلاندى. خەلىپىلىكى 6 يىل داۋاملاشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى بۇزماقچى بولغان مۇناپىق، خائىنلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن، ھىجرىيەنىڭ 40 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقاندا، قىلىچ بىلەن چېپىلدى ۋە ئېغىر يارىلاندى. داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 63 يېشىدا كۇفە شەھرىدە ۋاپات بولدى.

1 - كۆنۈكمە: بۇ تېكىستنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىڭلار!

2 - كۆنۈكمە: ئىسلام تارىخىدىكى 4 چوڭ خەلىپىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى بىر قىسىم تۆھپىكار شەخسلەر

## سۇتۇق بۇغراخان




سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى - سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى. 933 - يىلىدىن 955 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن.

## مەھمۇد قەشقەرى



مەھمۇد قەشقەرى مىلادى 1008 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئوپال يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يازغۇچىسىدۇر. ئۇ 1105 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، قەبرىسى قەشقەردىدۇر.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1016 - يىلى بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تۈرك خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى، «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق يىرىك ئەسەرنىڭ يازغۇچىسىدۇر. ئۇ 1090 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، قەبرىسى قەشقەردە.

## ياقۇپ بەگ بەدەۋلەت



ياقۇپ بەگ 1862 ـ 1863 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا ختايلارغا قارشى قوزغالغان جىھادى ھەرىكەتنىڭ قوماندانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ دۆلەتنى ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ئوسمانىي خەلىپىلىكى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ، ئەينى چاغدىكى ئوسمانىي خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىزخانغا بەيئەت قىلغان. سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان بۇ بەيئەتنى قوبۇل قىلىپ، قۇلاغىسى كازىم ۋە ئىسمائىل ئەپەندىلەر باشچىلىقىدا ئەسكەرىي تەلىم بېرىش ھەيئىتىنى كاتتا سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتكەن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ختاي مەنچىڭ ھاكىمىيىتى زوزۇڭتاڭ باشچىلىقىدا سان ـ ساناقسىز چېرىك چىقىرىپ، ياقۇپ بەگ قۇرغان بۇ دۆلەتنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن. نەتىجىدە بۇ دۆلەت ئاران 13 يىل دەۋر سۈرگەن.

## ئابدۇلقادىر داموللام



ئابدۇلقادىر داموللام مىلادى 1862 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھالەتكە ۋە خۇراپاتلىققا قارشى كۆرەش قىلغان. ۋەتەنپەرۋەر، بۈيۈك دىنىي ئالىم، شائىر ۋە ئىسلاھاتچى. 1924 ـ يىلى قەشقەردە خائىنلار تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خوجىنىياز ھاجىم




خوجىنىياز ھاجىم 1889 - يىلى قۇمۇلدا قۇل دورغا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن داڭلىق قەھرىمان. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا قۇمۇل ئەتراپىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان، 1912 - يىلىدىكى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭدىمۇ زور كۈچ چىقارغان. 1931 - يىلى قۇمۇلدا ئىنقىلاب قوزغاپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، 1933 - يىلى 12 - نويابىر قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1938 - يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىدە شېھىد قىلىنغان.

# سابىت داموللام




سابىت داموللام 1883 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەشھۇر دىنىي ئالىم، سىياسەتچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. 1933 - يىلى 12 - نويابىر قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغۇچى داھىي ۋە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى. سابىت داموللامنىڭ تەپسىر، ئەقىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەرەب گرامماتىكىسىغا دائىر ئەسەرلىرى بار. ئۇ، 1941 - يىلى قانخور كاپىر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىدە شېھىد قىلىنغان.

# ئېلخان تۆرە



ئېلخان تۆرە، 1885 – يىلى 3 – ئاينىڭ 21 – كۈنى بالاساغۇن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، دىنىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگەللىگەن ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە سىياسىي جەھەتتىمۇ پىشىپ يېتىلگەن رەھبەر ئىدى. ئۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى غۇلجىغا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، شۇ جايدىكى ھەر ساھە ئاممىسى بىلەن قىزغىن تونۇشۇپ چىققان ۋە ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ھالدا كۆزىتىپ، جىھادى ھەرىكەت ھازىرلىقىنى قىلغان. نەتىجىدە، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خىتاي جاللاتلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجا شەھرىنى ئازات قىلغان ۋە باشقا جىھادى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 1944 ـ يىلى، 11 ـ ئاينىڭ، 12 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىم شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئېلخان تۆرە 1976 ـ يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

# ئوسمان باتۇر



ئوسمان باتۇر 1899 ـ يىلى ئالتايدا تۇغۇلغان، پۈتۈن ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلغان. 1950 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇنىڭ قورال تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئوسمان باتۇر: «بۈگۈن قورال تاپشۇرغان، ئەتە جېنىنى تاپشۇرىدۇ» دەپ، قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قىزىل پاچاق ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئوسمان باتۇر 1951 ـ يىلى خىتاينىڭ قىزىل پاچاق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ھەمدە شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، قورال بىلەن ئېتىپ شېھىد قىلىنغان. ئوسمان باتۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىقتىن ئىبارەت مىللىي ئىرادىسى ئۈچۈن خىتاي ئىشغالچىلىرىغا قارشى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قوراللىق جىھادىي ھەرىكەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com


# مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا



مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 1901 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرى ئىچىدىكى خەلپىلىك ھويلا مەھەللىسىدە ئوتتۇراھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، خەلقئاراغا تونۇلغان داڭلىق مۇجاھىد، سىياسەتچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 1932 - يىلىدىن 1934 - يىلىغا قەدەر قوراللىق جىھاد ئېلىپ بېرىپ، خوتەن مۇجاھىدلىرىغا باش قوماندان بولغان ۋە «ئەمىر ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن تونۇلغان. 1934 - يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغان.

شۇندىن ئېتىبارەن چەتئەلدە نەچچە يىللاپ تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي، 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئەنقەرەدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تۈركىستان توغرىسىدا يازغان نۇرغۇن ماقالە ۋە ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ مۇكەممەل ئەسەر «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىدۇر.

# ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم



ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم گۇما ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلجېلىل داموللامنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1925 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1993 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋاپات بولغان. 1980 - 1990 - يىللىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان دىنىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان خەلقى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىششىغا تۈرتكە بولغان بۈيۈك دىنىي ئالىم ۋە ئىسلاھاتچىدۇر.

كۆنۈكمە: تارىخىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلىرىمىز ۋە قەھرىمانلىرىمىزنى تونۇۋالايلى!





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

# مۇھىم ئەقىدىلەر

1.س: ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ج: ھەق ۋە راست دىنغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

2.س: ھەق ۋە راست دىن قايسىدۇر؟

ج: ھەق ۋە راست دىن ئاللاھ ھوزۇرىدا قوبۇل بولغان ئىسلام دىنىدۇر.

3.س: ئىنسان نېمە بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇئمىن - مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ج: كەلىمە تەيىيبەنى تىلى بىلەن سۆزلەپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ، دىلى بىلەن تەستىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

4.س: كەلىمە تەيىيبە قايسىدۇر؟

ج: «لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دۇر.

5.س: كەلىمە تەيىيبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر.

6.س: قانداق كىشى كامىل مۆئمىن ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ج: ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ھۆكۈملەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كىشى كامىل مۆئمىن-مۇسۇلمان بولىدۇ.

7.س: ئىمان دېگەن نېمە؟

ج: ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق - راستلىقىغا ئىشىنىپ قوبۇل قىلىشتۇر.

8.س: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: ئاللاھ تائالا باردۇر، بىردۇر، قەدىمىيدۇر (ئەزەلدىن باردۇر)، ھېچ شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھ تائالا بارلىق سۈپەتلىرى بىلەن دائىم سۈپەتلەنگۈچىدۇر، بارچە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك ۋە خالىيدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

9.س: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى باردۇر. ئۇلار نۇردىن يارىتىلغاندۇر. ئۇلار ئەركەك - چىشى دېيىلمەيدۇ. ئۇلار يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. ئۇلار دائىم ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدە بولغۇچى ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يېقىن، بۈيۈكلىرى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

10.س: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، كىشىلىك ھاياتتا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندۇر. ئۇ كىتابلاردا بۇيرۇش، چەكلەش، ۋەدە، ۋەئىدلەر (يەنى ياخشىلىققا ۋەدىلەر يامانلىققا تەھدىدلەر)، بەندىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پايدا - زىيانلىرى بايان قىلىنغاندۇر. ئۇ كىتابلار: تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، قۇرئان ۋە باشقا كىتابلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىدىن ئەۋزىلى ۋە ئاخىرقىسى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

11.س: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: ئاللاھ تائالا ئۆز پەزىلىتى بىلەن بەندىلىرىنى توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى تەۋھىد، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئەخلاقلىق بولۇش... قاتارلىق ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، شېرىك ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلاردىن خالىي، راستچىل كىشىلەردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ھەممىدىن ئەۋزىلى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

12.س: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپات، جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئاشۇ كۈن توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

پۈتۈنلەي توغرىلىقى شەكسىزدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

13 .س: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش قايسى يوسۇندا بولىدۇ؟

ج: بەندىلەرنىڭ مەيلى ياخشى ياكى يامان ئىشلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلاردىن رازىدۇر، يامان ئىشلاردىن رازى ئەمەستۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بولىدۇ.

14.س: ئىسلام دېگەن نېمە؟

ج: ئاللاھنى بىر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاپ قىلىشتۇر.

15.س: شاھادەت (گۇۋاھلىق بېرىش) دېگەن نېمە؟

ج: «ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى» دەپ گۇۋاھلىق بەرمەكتۇر.

16.س: ناماز ئوقۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: بەش ۋاخ نامازنى شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن شەكىلدە، توغرا ئوقۇشتۇر.

17.س: زاكات دېگەن نېمە؟

ج: مال - مۈلكى ئۆز ھاجىتىدىن ئېشىپ زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتكەندە پېقىر مىسكىن قاتارلىق زاكات بېرىشكە لايىق كىشىلەرگە مەلۇم مىقداردا (مال - مۈلۈك) بېرىش زاكات دېيىلىدۇ. زاكاتنىڭ مەنىسى مال- مۈلۈكنى پاكلاش دېمەكتۇر. زاكات بەرمىگەن مال -

مۇلۇك نجستۇر. تېرىش - سۇغۇرۇش بىلەن ئۆستۈرىلدىغان زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى ئۆشرە دېيىلىدۇ. ئۆشرە بەرمىگەن زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ناپاك (ھارام)دۇر.

18.س: روزا تۇتۇش دېگەن نېمە؟

ج: رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن سۇبھى يورىغان ۋاقتتىن باشلاپ كۈن كىرىپ كەتكەنگە قەدەر يېمەك - ئىچمەك ۋە جىنسىي ئالاقىنى تەرك ئەتمەكتۇر.

19.س: ھەج تاۋاپ قىلىش دېگەن نېمە؟

ج: بەيتۇللاغا بېرىپ كەلگۈچە يول خىراجىتىگە ۋە ئائىلىسىنىڭ نەپىقە ۋە ئېھتىياجلىرىغا يەتكۈدەك نەرسىگە ئىگە بولغان كىشىنىڭ مۇمكىن بولسا، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىشى پەرزدۇر.

20.س: ئىماننىڭ خۇلاسىسى نېمە؟

ج: قۇرئان كەرىم ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تىل بىلەن ئىقرار ۋە دىل بىلەن تەستىق قىلىپ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر.

21.س: ئىلىم ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟

ج: ئىلىم ئۆگىنىش ئەر - ئاياللارغا ئوخشاشلا پەرزدۇر. ئىلىم ئۆگىنىش بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

22.س: مىللەتنىڭ خارلىق ۋە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب نېمە؟

ج: سەۋەب ئىككىدۇر. بىرىنچى، بىلىمسىزلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكتۇر. ئىككىنچى، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپتۇر. ھەرقانداق قەۋم ۋە مىللەتنىڭ خارلىق ۋە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نادانلىق ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.

23. س: ئىززەت - ئابرۇي ۋە زور كۈچ - قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ج: ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۆزئارا ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئارا ئىتتىپاق بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

«وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا»

«ھەممىڭلار بىردەك ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (قۇرئان كەرىم ئەتراپىغا) زىچ ئۇيۇشۇڭلار! ئۆزئارا بۆلۈنمەڭلار».

ئابدۇلقادىر داموللامىنىڭ ئەقائىد زۆرۈرىيە (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ناملىق كىتابىغا ئاساسەن رەتلەندى.

كۆنۈكمە: بۇ زۆرۈر ئەقىدىلەرنى ئاتا - ئاناڭلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار!

www.uyghurkitap.com

# مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرگە دىنىي سوئال - جاۋابلار

1. دىنىڭ نېمە؟

ئىسلام.

2. پەيغەمبىرىڭ كىم؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

3. كىتابىڭ قايسى؟

قۇرئان كەرىم.

4. كەلىمە شاھادەت دېگەن نېمە؟

ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تىلى بىلەن ئېيتىشى زۆرۈر بولغان:

﴿أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ وأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئىبارەتتۇر.

5. كەلىمە شاھادەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ئۇيغۇرچە مەنىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

كەلىمە شاھادەتنىڭ ئوقۇلۇشى: «ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»دۇر. ئۇنىڭ

ئۇيغۇرچە مەنىسى: «مەن، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن بولىدۇ.

6. قۇرئان كەرىم دېگەن نېمە؟

قۇرئان كەرىم ــ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدۇر.

7. ئايەت دېگەن نېمە؟

ئايەت ــ قۇرئان ئوقۇغاندا توختاپ ئوقۇلىدىغان بىر ۋە بىرقانچە جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان سۈرىسىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر.

8. سۈرە دېگەن نېمە؟

قۇرئاننىڭ ھەربىر بابىغا «سۈرە» دېيىلىدۇ، قۇرئاندا جەمئىي 114 باب بولۇپ، بۇ 114 سۈرە دېيىلىدۇ. سۈرىلەر ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن سۈرە 286 ئايەتتىن، ئەڭ قىسقا سۈرە ئۈچ ئايەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ھەربىر سۈرىنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار.

9. «ھەدىس» دېگەن نېمە؟

ھەدىس ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى، پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرى ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ.

10. سۈننەت دېگەن نېمە؟

سۈننەت   ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى ۋە ھۇزۇرىدا قىلىنغان سۆز ۋە ئىشلارغا بىلدۈرگەن ئىپادىسى سۈننەت دېيىلىدۇ.

11. شەرىئەت دېگەن نېمە؟

شەرىئەت ــ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ئاساسىدا تۈزۈلگەن دىنىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى قاتارلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن- قائىدىلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر، يەنى ئىسلام دىنى قانۇنىدۇر.

12. ۋەھيي دېگەن نېمە؟

ۋەھيي ــ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرۈلگەن تەلىمات، خەۋەر، بۇيرۇق ۋە باشقىلار ۋەھيي دېيىلىدۇ.

13. ھالال دېگەن نېمە؟

ھالال ــ ئاللاھ تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتلەردۇر.

14. ھارام دېگەن نېمە؟

ھارام ــ دىنىمىزدا قەتئىي چەكلەنگەن ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ھۆكمىدۇر.

15. كاپىر دېگەن ئاتالغۇ كىمگە قارىتىلىدۇ؟

كاپىر دېگەن ئاتالغۇ ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، خۇداسىز، ئىمانسىز كىشىگە قارىتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

16. مۇناپىق دېگەن ئاتالغۇ كىمگە قارىتىلىدۇ؟

مۇناپىق دېگەن سۆز ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكەن، تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز - ھەرىكىتى بىر - بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، سەمىمىيەتسىز كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ.

17. پاسىق دېگەن كىم؟

پاسىق ــ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، گۇناھ ئىشلارنى قىلغان گۇناھكار كىشىلەردۇر.

18. قىيامەت دېگەن نېمە؟

قىيامەت ــ ئۇلۇغ ئاللاھ ئالدىن بەلگىلىگەن مۇددەت كەلگەندە كائىنات سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

19. ئاخىرەت دېگەن نېمە؟

ئاخىرەت ــ قىيامەت يۈز بەرگەندىن كېيىن باشلىنىدىغان ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان جەننەت ۋە جەھەننەم (دوزاخ) ھاياتىدۇر.

20. ئەزان دېگەن نېمە؟

ئەزان ــ مۇئەززىنىنىڭ كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرۈپ، مەسجىدتە جامائەت بولۇشۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىقىدۇر.

21. مۇئەززىن دېگەن ئاتالغۇ كىمگە قارىتىلىدۇ؟

مۇئەززىن ــ ناماز ۋاقىتلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەزان ئېيتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە نامازلاردا تەكبىر ئېيتىدىغان كىشىدۇر.

22. ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت ــ ئاللاھنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇشتۇر.

23. خۇراپات دېگەن نېمە؟

خۇراپات ــ ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق، ساختا سۆز ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئېتىقاد، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل كونا ئۆرپ-ئادەتلەردۇر.

24. پەيغەمبەر ياكى رەسۇلۇللاھ دېگەن كىم؟

پەيغەمبەر ــ ئاللاھ تائالانىڭ تەلىماتلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان كىشى پەيغەمبەر ياكى رەسۇلۇللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

25. تەقدىر دېگەن نېمە؟

تەقدىر ــ بولىدىغان ھەر ئىشنىڭ نەدە، قاچان ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىنبۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلىپ يېزىلىشى تەقدىر دەپ ئاتىلىدۇ.

26. قازا دېگەن نېمە؟

قازا ــ بولىدىغان ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى (تەقدىر قىلغىنى) بويىچە ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.

27. بىر كۈندە قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر؟

بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر.

28. ئۇلار قايسىلار؟

1.بامدات نامىزى.

2.پېشىن نامىزى.

3.ئەسىر نامىزى.

4.شام نامىزى.

5.خۇپتەن نامىزى.

29. بامدات نامىزى قانچە رەكئەتتۇر؟

تۆت رەكئەت بولۇپ:

*ئىككى رەكئەت سۈننەت.

*ئىككى رەكئەت پەرز.

30. پېشىن نامىزى قانچە رەكئەتتۇر؟

ئون رەكئەت بولۇپ:

*تۆت رەكئەت ئالدىنقى سۈننەت.

* تۆت رەكئەت پەرز.

* ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

31. ئەسىر نامىزى قانچە رەكئەتتۇر؟

تۆت رەكئەت پەرزدىن ئىبارەتتۇر.

32. شام نامىزى قانچە رەكئەتتۇر؟

بەش رەكئەت بولۇپ:

* ئۈچ رەكئەت پەرز.

* ئىككى رەكئەت سۈننەت.

33. خۇپتەن نامىزى قانچە رەكئەتتۇر؟

توققۇز رەكئەت بولۇپ:

* تۆت رەكئەت پەرز.

*ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

* ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى (ۋاجىپ ناماز).

كۆنۈكمە: يۇقىرىدىكى سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى يادلىۋېلىڭلار!



www.uyghurkitap.com

# تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلى



1) ئاۋۋال قوللىرى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.



2) ئېغىزنى ئۈچ قېتىم چايقايدۇ.



3) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، مىشقىرىدۇ.



4) يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.





5) ئوڭ ۋە سول بىلىكىنى جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.



6) بېشىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا مەسھ قىلىدۇ.



7) قۇلاقلىرىغا مەسھ قىلىدۇ.





8) ئوڭ ھەم سول پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.

## تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىر

**(أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ).**

تەرجىمىسى: «شېرىكى يوق، يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).



# ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى



1) نامازنى باشلىغاندا «الله أكبر» «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىش، ئاندىن كېيىن «**سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك**» دېگەن زىكىرنى ئوقۇش، ئاندىن قىيامدا تۇرۇش.



2) قىيامدا فاتىھە سۈرىسى بىلەن بىللە باشقا بىر سۈرىنى ئوقۇش. فاتىھە سۈرىسى:



بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ
٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ
نَسۡتَعِينُ ٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ
عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧



بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ
أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصۡحَٰبِ ٱلۡفِيلِ ١ أَلَمۡ يَجۡعَلۡ كَيۡدَهُمۡ
فِي تَضۡلِيلٖ ٢ وَأَرۡسَلَ عَلَيۡهِمۡ طَيۡرًا أَبَابِيلَ ٣ تَرۡمِيهِم
بِحِجَارَةٖ مِّن سِجِّيلٖ ٤ فَجَعَلَهُمۡ كَعَصۡفٖ مَّأۡكُولِۭ ٥





3) رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**» «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىش.

4) رۇكۇدىن «**سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهْ**» «سەمى ئاللاھۇلىمەنھەمىدەھ»

دەپ بېشىنى كۆتۈرۈش. ئاندىن «**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**» «رەببانا لەكەلھەمدۇ» دېيىش.





5) سەجدىدە ئۈچ قېتىم «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى**» «سۇبھانەرەببىيەل ئەئلا» دېيىش.

6) تەشەھھۇدتا تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيدۇ: «**التَّحيَّاتُ لله وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ الله وَبَرَكَاتُهُ السَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ الله الصَّالِحِين أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ الله وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**».





«**اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى آل مُحَمَّد، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ وَعَلَى آل إبْرَاهِيمَ، إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ**».

ئاندىن كېيىن خالىغان دۇئالاردىن بىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئوتتۇرىدىكى تەشەھھۇدتا ئەتتەھىيياتۇنىلا ئوقۇيدۇ.





ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە «**السلام عليكم ورحمة الله**» دەپ سالام بېرىپ نامازنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.





نامازدىن كېيىن، بارلىق مۇسۇلمانلارغا، ۋەتىنىمىزگە، ئاتا - ئانا ۋە ئۆزىمىزگە دۇئا قىلىنىدۇ.

# سەپەر

ۋىسال ئىزدەپ سەپەر قىلدىم، مۇھەممەد قوماندانىمدۇر،
ئۇلۇغ قۇرئان كۈندۈز قۇياشىم، كېچىلەر كۆكتە ئايىمدۇر.
ئاللاھ يېگانىدۇر شەكسىز، مۇھەممەد ئەلچىسى بەرھەق،
دېگەن ئۇشبۇ گۈزەل سۆزلەر مېنىڭ ئالىي شوئارىمدۇر.
سۆيەرمەن ھەق - ئادالەتنى، سۆكۈپ كۈپرى - جاھالەتنى،
ئۇنى ئۆلچەشكە ھەر دائىم قۇرئان - ھەدىس مىزانىمدۇر.
ماڭارغا يوللىرىم مۈشكۈل ۋە لېكىن مەنزىلىم پارلاق،
يېگىپ مۈشكۈل، شۇ مەنزىلگە يېتىش ۋىجدان قارارىمدۇر.
تەبەسسۇم ئەيلىسە رەببىم، ئازات - ھۆر ياشىسا خەلقىم،
پەقەت دىلخەستە شۇ ئارمان بۈيۈك ئارزۇ - مۇرادىمدۇر!

ئالىمجان ئابدۇلئەزىز، 1992 - يىل، قەشقەر.

ئىسلامدۇر ئىنسانغا ھاياتلىق بەرگەن،
ئىسلامدۇر ھاياتقا ھىدايەت بەرگەن.
ئىسلامدۇر ئادالەت بايرىقى بەرگەن،
ئىسلامدۇر زوراۋانلىققا زەربە بەرگەن.
ئىسلامدۇر ئايالغا ھۆرمەت بەرگەن،
ئىسلامدۇر پەرزەنتكە بەخت بەرگەن.
ئىسلامدۇر تۇرمۇشقا شادلىق بەرگەن،
ئىسلامدۇر نادانلىققا خاتىمە بەرگەن.
ئىسلامدۇر يېتىمگە ئاش - نان بەرگەن،
ئىسلامدۇر پېقىرغا مال - دۇنيا بەرگەن.
ئىسلامدۇر قۇلغا ئازاتلىق بەرگەن،
ئىسلامدۇر جاھالەتكە خاتىمە بەرگەن.



www.uyghurkitap.com

# يېتەر

دوست ئىزدىسەڭ، ئاللاھ يېتەر.
رەھبەر ئىزدىسەڭ، رەسۇلۇللاھ يېتەر.
قانۇن ئىزدىسەڭ، قۇرئان يېتەر.
ھاكىمىيەت ئىزدىسەڭ، جىھاد يېتەر.
پاكىزلىق ئىزدىسەڭ، ناماز يېتەر.
سالامەتلىك ئىزدىسەڭ، روزا يېتەر.
دۈشمەن ئىزدىسەڭ، نەپسىڭ يېتەر.
ئىززەتلىك ئىزدىسەڭ، تەقۋا يېتەر.
ئېزىتقۇ ئىزدىسەڭ، شەيتان يېتەر.
ساياھەت ئىزدىسەڭ، ھەج يېتەر.
بەرىكەت ئىزدىسەڭ، زاكات يېتەر.
ئىشەنچ ئىزدىسەڭ، ئامانەت يېتەر.
ۋەيرانلىق ئىزدىسەڭ، خىيانەت يېتەر.
ياخشىلىق ئىزدىسەڭ، ئاتا - ئاناڭ يېتەر.
مەڭگۈلۈك ھوزۇر ئىزدىسەڭ، جەننەت يېتەر.
ئۆلمەسلىك ئىزدىسەڭ، شاھادەت يېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كۆلىمى 1 مىليون 828 مىڭ 418 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇرۇقلۇق چېگرىسى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئەتراپى ختاي، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، موڭغۇلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت توققۇز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تارىختا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغان، ھازىر يەنە 2 - ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، شۇڭا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شەرقىي تۈركىستاندا ھازىر 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 88 ناھىيە (شەھەر) بار، بۇنىڭدىن 33 ناھىيە چېگرا ناھىيە (شەھەر) دۇر.

ۋەتەنىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 35 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، يەرلىك خەلق ئىچىدە نوپۇسىنىڭ 85% نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، قالغان 15% نى قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق يەرلىك ۋە كۆچمەن خەلقلەر تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ختاينىڭ ئويدۇرما مەلۇماتلىرىغا رەددىيە بەرمەكتە.

شەرقىي تۈركىستان دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان يايلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. ئۈچ تاغ ئىككى ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالدا ئالتاي تېغى، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تېغى بار. تەڭرىتاغ شەرقىي

تۈركىستاننى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان ۋە شىمالى شەرقىي تۈركىستانغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتىغى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2100 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن كېلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كېلىماتقا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 155 مىللىمېتىر. تاغلاردىن ئېرىگەن قار سۇلىرى نۇرغۇن دەريالارنى شەكىللەندۈرگەن، بوستانلىقلار ئويمانلىقلارنىڭ چېتىگە ۋە دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان، بوستانلىق كۆلىمى شەرقىي تۈركىستان كۆلىمىنىڭ 5% نى ئىگىلەيدۇ، تىپىك بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شەرقىي تۈركىستان ئۆزگىچە سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى بايلىقىغا ئىگە. شەرقىي تۈركىستاندا ئاپتاپنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يېغىندى تېمپېراتۇرا يۇقىرى، قىروۋسىز مەزگىل ئۇزۇن، يىللىق قۇياش رادىئاتسىيىسى مىقدارى تەبەتتىن كېيىنلا تۇرىدۇ. بۇ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. شەرقىي تۈركىستاندا ھازىر 60 مىليون 380 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، كىشى بېشىغا 3 .12 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئۈچ تاغ ۋە ئىككى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن گۈزەل يايلاقلار بار، ئومۇمىي يايلاق كۆلىمى 770 مىليون مو كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقى مول بولۇپ، 2004 - يىلى شەرقىي

تۈركىستان بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئۈستى سۈيى 5146 كۇب مېتىرغا توغرا كېلىدۇ. ئىچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 100مىليون كۇب مېتىر. ئەمما شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ھاۋاسى قۇرغاق، سۇ بايلىقى پەسلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، تارقىلىشىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە شۇنىڭدەك خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كۆپ قېتىم ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىشى نەتىجىسىدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بەزى جايلاردا سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قېزىلما بايلىقىنىڭ تۈرى كۆپ، زاپىسى مول، ئىچىش ئىستىقبالى كەڭ. ھازىر بايقالغان قېزىلما بايلىق تۈرى 138 خىلغا يېتىدۇ. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن، خروم، مىس، نىكىل، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، تۇز تۈردىكى قېزىلما، بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى ئىنتايىن مول.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت بايلىقى 20 مىليارد 860 مىليون توننا، تەبىئىي گاز بايلىقى 10 ترىليون 300 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت - گاز چارلاش - ئىچىش يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەخمىنىي كۆمۈر زاپىسى 2 ترىليون 190 مىليارد توننا، ئالتۇن، ئالماس، قاشتېشى قاتارلىق بايلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ داڭلىقتۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ساياھەت بايلىقى مول ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل ھەم ئۆزگىچە بولۇپ، ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلار، كۆز

يەتكۈسىز قۇملۇقلار ۋە قۇملۇقلارنى چۆرىدەپ تۇرىدىغان بوستانلىقلار بار. داڭلىق تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرىدىن بۇغدا كۆلى، قاناس كۆلى، باغراش كۆلى، سايرام كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى قاتارلىقلار بار. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا غول لىنىيىلىرىدە يۈزلىگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، قەدىمىي قەبرىستانلىق، مىڭ ئۆي، بوز يەر ئېچىش خارابىسى قاتارلىق قەدىمى مەنزىرە ئىزنالىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە يارغول قەدىمكى خارابىسى، ئىدىقۇت قەدىمكى خارابىسى، كروران قەدىمكى خارابىسى، قىزىل مىڭ ئۆيى قاتارلىقلار پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، تەرەققىيات يۈشۈرۈن كۈچى زوردۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 4000 خىلدىن، زىرائەت تۈرى 10 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، كۆپلىگەن زىرائەتلەرنىڭ سورتى ئىنتايىن ياخشى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ھايۋانلىرىنىڭ ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولۇش، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شەرقىي تۈركىستان يەنە كېلىپ كۆپ خىل مېۋىلەرنىڭ ھەم پەيدا بولۇش مەركىزى ھەم ئىككىلەمچى مەركىزىدۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مېۋە بايلىقى مول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك سورتلىرىلا 300 خىلدىن ئاشىدۇ. تەبىئىي دورىلاردىن چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، ھىڭ، قارلەيلىسى قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان، سۈپىتى ياخشى.

شەرقىي تۈركىستان تارىختىن بىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبىك ۋە تاتار قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، ئۇلار بۇ

ماكاندا تارىختىن بىرى بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھۇن ئىمپېراتورلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 240 - يىلدىن مىلادى 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، كۆكتۈرك دۆلىتى (مىلادى 551 - يىلدىن 744 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادى 745 - يىلدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادى 850 - يىلدىن 1212 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى (مىلادى 850 - يىلدىن 1335 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى (مىلادى 870 - يىلدىن 1036 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتى (1504 - يىلدىن 1678 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتى (1865 - يىلدىن 1877 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933 - يىلى)، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 - 1949 - يىللىرى) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئىدى. 1949 - يىلى كوممۇنىست رۇس كاپىرى ستالىن بىلەن كوممۇنىست خىتاي كاپىرى ماۋزېدۇڭنىڭ سىياسىي ئويۇنى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق مائارىپ مىنىستىرى مۇناپىق سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى خائىن ھەيئەتنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنگىچە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

تۈركىستانلىقلار، مىلادى 10 - ئەسىردە تارىختا تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك خاقانى بولۇپ شۆھرەت قازانغان قاراخانىيلار خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدىن، يەنى مىلادى 932 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قۇرئانىي ئۆزىگە قانۇن، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنى ئۈزگە رەھبەر قىلىپ ئىسلام ۋە دۇنيا تارىخىغا سياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئاللاھقا بولغان مۇستەھكەم ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن، زېمىنىنى ئىشغال قىلماقچى بولغان تارىختىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. چار رۇسىيە، مانجۇ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بەدەۋلەت قوزغىلىڭى، تۆمۈر خەلپە ئىنقىلابى، خوجنىياز ھاجى ئىنقىلابى، خوتەن ئىنقىلابى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى ۋە باشقا ئىنقىلابلار بۇنىڭ جانلىق مىساللىرىدۇر. تۈركىستانلىقلار ھازىرمۇ بارىن جىھادى، غۇلجا ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئوخشاش جىھادىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئەجدادلىرىدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئاللاھتىن باشقىسىغا قۇل بولماسلىق، ئىسلامدىن باشقا ھاكىمىيەت تونۇماسلىق، قۇرئاندىن باشقا قانۇنغا بويسۇنماسلىقتىن ئىبارەت شانلىق ئىسلامىي ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر بىز - ئۇيۇشقاقتۇر بىزنىڭ ئەسلىمىز،
كۈرەش قىلساق بىرلىشىپ، گۈللەر نەسلىمىز.
نۇقسانلارنى تۈگەتسەك، ئىلىم ئۆگەنسەك،
كېلەر يەنە بىزنىڭكى پارلاق پەسلىمىز.

كۆنۈكمە: بۇ تېكىستنى ئاتا - ئاناڭلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بارىن جىھادى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بارىن جىھادى باشلاندى. بۇ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاپىر، كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىسىگە قارشى ئىسلامىي ئازاتلىقنى، دىنىي ئەركىنلىكنى ۋە ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان شانلىق كۈرەشنىڭ ئالتۇن داستانىدۇر. بۇ جىھاد قەلبى، يۈرىكى يىللارچە زۇلۇم ئاستىدا مۇجۇۋېتىلگەن، ئۈمىدلىرى قالمىغان خەلققە بىر ئۈمىد، بىر جاسارەت، بىر ئويغىنىش سىگنالى بولدى. قۇرئانغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ يالغۇز بىر كىشى بولسىمۇ دۇنياغا قارشى چىقالايدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن ئالغان جاسارەتنى ھېچبىر كۈچنىڭ قورقىتالمايدىغانلىقىنى، بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە يوقىتالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز بۇ جىھادنى باشلىغان، رەھبەرلىك قىلغان ۋە جېنى بىلەن، مېلى بىلەن قاتناشقان بارلىق مۇجاھىدلىرىمىزغا ئاللاھتىن رەھمەت، شېھىدلىرىمىزگە جەننەت، ئەسىر چۈشكەن مۇجاھىدلىرىمىزغا ھۆرلۈك - ئازاتلىق تىلەيمىز.

تۆۋەندە بۇ جىھادقا قوماندانلىق قىلغان ئەزىز مۇجاھىد زەيدۇن يۈسۈفنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

باش قوماندان — زەيدۇن يۈسۈپ (زەيدۇن قارى)، 26 ياش، بارىن يېزىسىدىن، دېھقان. ئىلگىرى قەشقەردە مەدرىستە ئوقۇغان. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قاغىلىق، خوتەنلەردە بىر مەزگىل يۈرت كېزىپ ئۈچۈر ئىگەللىگەن. 1989 - يىلدىن كېيىن بارىن يېزىسىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى قۇرۇشقا كىرىشكەن. ئەزا قوبۇل

قىلغان. قورال ـ ياراغ تەييارلىغان. ۋە بارىن يېزىسىدا بىر تۈركۈم ياشلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرغان. 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ جىھادقا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان ۋە شۇ كۈنى جىھاد مەيدانىدا شېھىد بولغان.

بىز ئۇيغۇر ياشلىرى قەلبىمىز قايناق،
قوللاردا لەپىلدەر ئىسلامىي بايراق.
رەسۇلۇللاھ باشلىغان داغدام يول بىلەن،
ماڭىمىز ئەبەدكە يولىمىز پارلاق.

بارىن شېھىدىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن

كۆنۈكمە: بۇ ۋەقە قاچان؟ نېمە سەۋەبتىن يۈزبەرگەن؟

# ئايرىلمىسۇن

(ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ شېئىرىدىن پارچە)

مىللىتىم مىللىي ھەمىييەت شەنىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ھەق توغرا نىيەت جامىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ساپ ئادىمىيەت سانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم بىرلىك مەئىييەت يانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم مەندىن ۋەسىيەت قانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم ئىنسانىيەت مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ئىسلامىيەت ئىمانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ھەققانىيەت ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم تۇرانىيەت ئۇنۋانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ھۆر ئاپىيەت دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم ئەغيار ئۈچۈن ھېچ يول بىلەن ئالدانمىسۇن،
مىللىتىمنى ئۆزگىلەر مايمۇن قىلىپ قوللانمىسۇن،
مىللىتىم تارىخنى پاك ساقلىسۇن، بۇلغانمىسۇن،
مىللىتىم ھەرگىز بېقىندىلىق ئۈچۈن گوللانمىسۇن،
مىللىتىم ئەركىن ياشاش ئىمكانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم بىلسۇن ۋەتەننى، قەدرىنى خار ئەتمىسۇن،
بۇ مۇقەددەس جان ۋەتەن جانانىنى زار ئەتمىسۇن،
باشقىلار «بىزنىڭ» دېگەن شۇم سۆزگە ئىقرار ئەتمىسۇن،
«مۇشتەرىك دۆلەت» دېگەن يالغاننى دەركار ئەتمىسۇن،
ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستانىدىن ئايرىلمىسۇن.

كىمگە مەنسۇپ، كىمگە ھەقلىق، كىمگە مىراس بۇ ۋەتەن،
ئەسلى - نەسلى قانى بىر، تۇغقان ئۇيۇشقان ئىزچىمەن،
شۇبھىسىز ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل، تاجىك بىلەن،
بۇ ۋەتەن تۇرى ئۇرۇغقا ئاتا مىراس چىمەن،
ئاتا مىراس چىمەن تۇراندىن ئايرىلمىسۇن.

نەقەدەر شانلىق بۇيۇك ئەرلەر يېتىشتۇرگەن ۋەتەن،
ئەرلەر ئىچرە تۇرلۇك جەۋھەرلەر يېتىشتۇرگەن ۋەتەن،
شانۇ -شەۋكەت ئەھلى گۆھەرلەر يېتىشتۇرگەن ۋەتەن،
داھى ۋە دانايى رەھبەرلەر يېتىشتۇرگەن ۋەتەن،
ئارسلان ۋە قەھرىمان ئوغلاندىن ئايرىلمىسۇن.

بۇ ۋەتەن باغ ۋە گۇلىستانلار بىلەن تولغان چىمەن،
تاغۇ - تۇز مەيدانلىرى كۆركەم، گۇزەل بولغان چىمەن،
كاتتا، زور خىسلەت - پەزىلەتلەرگە ئورناشقان چىمەن،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى شانلىق ئۇلۇغ تۇران چىمەن،
دائىما جەننەت نىشان بولغاندىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەقىپ مۇتلەق بولمىسۇن، ئەغيار ئۇچۇن ئالى ۋەتەن،
شۇم ئاياقلار ئاستىدا دەسسەلمىسۇن غالىي ۋەتەن،
مۇستەقىل، مۇختار ئۆتسۇن ھەر زامان ھالى ۋەتەن،
مىللىتىمگە خاس مىراس بولسۇن ئىقبالى ۋەتەن،
ئەركىن ئازاد بەختىيار تۇرغاندىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم باشىنى ئايلاندۇرغۇسى ئەغيارلەر،
قان سۇرتمەك بىرلە يۇرتمەك بولغۇسى مەككارلەر،
شۇنىڭچۇن تۇرلۇك توزاق، دام قۇرغۇسى ھەييارلەر،
بەدنىيەت شۇم پىكىردە قوللانغۇچى ھەر چارلەر،
مىللىتىم بايقاپ قەدەم باسقاندىن ئايرىلمىسۇن.

ئەسلتەر جەننەتنى دائىم ۋەتىنىم گۈلزارلىرى،
ھۆرى-غىلمانلىرىنى ئەسلەتكەي چىمەن دىلدارلىرى،
باغۇ –بوستان، گۈل-گۈلىستانلار ئارا گۈلنارلىرى،
پەيزى رەھمەت، نازۇ –نىمەت، كەنزدۇر ئەسرارلىرى،
جەننەتۇل پىردەۋس مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن

ۋەتىنىم تارىخى ئۈستۈن، قەدىرلىك ئوك – سوللىرى،
ئارسلانلار ئىزلىرى بىلەن چىنىققان يوللىرى،
قەھرىمانلار ئۈستىخانىدىن قۇرۇلغان ئۈللىرى،
كىمكى خائىن بۇ ۋەتەنگە قۇرۇسۇن پۇت-قوللىرى،
ئەركىن، ئازات گۈللىنىش جەريانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئەسرلەر غەپلەت –جاھالەتلەردە قالغان بولسىمۇ،
كۆز ئاچالماي جاھىلى نادانلىقتا ياتقان بولسىمۇ،
دەۋرلەردىن خارۇ - زارلىقلارغا پاتقان بولسىمۇ،
كۆپ زامانلار زۇلمى كۈلپەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ،
ھەمدە پارلاق بەختلىك دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

قولغا كەلمەس ئەرك ، مۇشۇكتەك تەلمۇرۇپ تۇرغان بىلەن،
قايتۇرۇپ بەرمەس بۇلاڭچى يالۋۇرۇپ سورىغان بىلەن،
بەخت ئىزلەپ كەلمىگەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان بىلەن،
ئالدىنىپ قالماسلىق كېرەك ئالداپ ئۇمۇندۇرغان بىلەن،
ھەقنى ئۆز كۈچى بىلەن قولغا ئالغانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەتەن مىللەتنى سۆيمەك ئەھلى ئىسلام شەندۇر،
بۇ ھەقىقەت، بۇ ئادالەت تەڭرىنىڭ پەرماندۇر،
بۇ ئېنىق بىر شۈبھىسىز ھەققانىيەت مىزاندۇر،
ئەسلى -نەسلى پاك ۋىجدان ئەھلىنىڭ جانانىدۇر،
جاندىن ئايرىلسۇن، لېكىن جانانىدىن ئايرىلمىسۇن.

# قۇرئانىم

(يۈسۈف قادىرخان)

قۇرئانىم دەپ سوقىدۇ يۈرەك،
قۇرئانىم دەپ ئاقىدۇ قانلار.
قۇرئانسىز بۇ ھايات نە كېرەك،
قۇرئان ئۈچۈن پىدادۇر جانلار.

بۈيۈك رەببىم ئارغامچىسىدۇر بۇ،
ئېسىلغانلار تاپىدۇ نىجات.
ھەق – ئادالەت قامچىسىدۇر بۇ،
زالىملارغا ئۇنىڭدىن «ۋاي—دات».

قۇرئانىمنى سۆيىمەن دىلدىن،
زۇلمەتتە ئۇ نۇرلۇق چىراغىم.
چۈشۈرمەيمەن ئۇنى ھېچ تىلدىن،
ئۇنىڭ بىلەن ھاسىل مۇرادىم.

قۇرئانىمدۇر دەرتلەرگە دەۋا،
شەرتى ئۇنىڭ ئىخلاس، ساداقەت
ئۆلۈمدىن غەيرىگە بولىدۇ شىفا،
ئۆز ئەھلىگە قىلىپ شاپائەت.

يۈتكۈل ئالەم ئۆزى بىر دۆلەت،
ئاڭا مۇتلەق پادىشاھ ئاللاھ.
قۇرئانغىلا خاستۇر سەلتەنەت،
سەپسەتىنىڭ ھەققى يوق ئەسلا.

قۇرئان بىلەن نۇرلانسۇن دىلىڭ،
قۇرئان ئۈچۈن تاشلانسۇن قەدەم.
توختىمىسۇن قۇرئاندىن تىلىڭ،
سەۋر قىلغىن كەلسە، ھەر ئەلەم.

ھۆكۈم تەلەپ قىلسا قۇرئانچە،
شۇ كىشىدۇر مۆئمىن كامىل.
ھۆكۈم قىلسا كىمكى قۇرئانچە،
بولىدۇ شۇ ھەقىقىي ئادىل.

بۇ شۇنداق يول داۋانلىرى كۆپ،
ئېگىز، ھەمدە مەنزىلى ئۇزاق ...
يوللار بويى تىكەنلىك ئوت-چۆپ،
قەدەمدە بىر قۇرۇلغان تۇزاق.

مۆمىن ئىنسان ئاللاھقىلا قۇل،
بارچە دۇنيا ئۇنىڭچۈن چاكار،
ئۇنىڭ مۇتلەق ئۇستازى رەسۇل،
باشقا ھەركىمنىڭ سۆزى نۆل، بىكار.

لېكىن بۇ يول ئاخىرى تۇتاش،
ھەق سۆيگەنلەر ئورنى - جەننەتتە.
ئىككىلەنمەي ماڭايلى، ئاداش،
پىسەنت قىلماي پىتنە كۆلپە-تكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇندىن ئارتۇق ئەركىنلىك ئىزلەپ،
يۈرەر كىملەر يولسىز گاڭگىراپ.
قالار ئاخىر بارمىقىن چىشلەپ،
يۈرگەن بىلەن ھازىر كاكىراپ.

قۇرئانىمغا ئەمەل قىل دوستۇم،
ئىزدەر بولساڭ چىن—ھەق سائادەت.
ئويلىما قۇتقۇزار دەپ قولدىكى پۇلۇم،
دوزاخ ئوتى شۇنداق ھالاكەت.

توغرا-خاتا، ھەق-ناھەقنى سەن،
تاپالمايسەن ئۇنىڭ غەيرىدىن.
تاپتىم دېسەڭ ئازغىنىڭ جەزمەن،
قاچالمايسەن ئۇنىڭ شەررىدىن.

قۇرئانىمنىڭ دوستى دوست ماڭا،
رەقىبىگە رەقىب مەن ھامان.
دوستى بولساڭ پىدا مەن ساڭا،
دۈشمىنىگە بەرمەسمەن ئامان.

ۋەسىيەتتۇر ئەجدادىمىزدىن،
ياشىماقلىق شۇ قۇرئان بىلەن.
ئۈمىد زور ھەم ئەۋلادىمىزنىڭ،
تىلى چىققاي شۇ قۇرئان بىلەن.

چاقىرىقتۇر قۇرئانىم ھەر ئان،
زېمىندىكى بارچە ئىنسانغا؛
«مەخلۇقىقا قۇل بولۇش ئار-ھامان،
تاشلا ئۇنى يۈزلەن رەھمانغا».

قۇرئانىمنى تەرىپلەپ تىللار،
يازسا مىڭلاپ قىسسە-داستانلار؛
تۈگىتەلمەس ئۆتسىمۇ يىللار،
مەدھىيەلەپ بارچە ئىنسانلار.

بوپ بەرسىمۇ قەلەم ئورمانلار،
ھەممە دەڭىز بارچە ياپراقلار،
بولغاندىمۇ سىياھ ئوكيانلار،
ئالار قولغا تەسلىم بايراقلار.